# ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى

(بېشى 2 ـ بەتتە)

خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، خەلققە بولغان مېھىر ـ مۇھەببەتنى چىڭ ساقلاپ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇش ۋە ئورتاق بېيىشقا تۈرتكە بولۇشنى مۇھىم كۈچەش نۇقتىسى قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش جەھەتتىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلىرىنى، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش جەھەتتىكى قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ چارە ـ تەدبىر كۆرسەتتۇق ۋە كۈچ چىقاردۇق. «ئاپتونوم رايونىمىزدا ئائىلە، مەھەللە، ئاپپارات ‹ئۈچ بىر گەۋدە› قىلىنغان كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش» ئايلىق كېڭىشىش ـ سۆھبەتلىشىش يىغىنى ئېچىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش بىلەن كۈتۈنۈش كەسپى تەرەققىياتىنى ئىلمىي بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەردۇق، ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبىرى بۇنىڭغا تەستىق سالدى، ئالاقىدار تەرەپلەر مەخسۇس مۇھاكىمە قىلىپ قوبۇل قىلدى. قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، چېگرا قوغدىغۇچىلىرىنىڭ كۈتۈنۈش كاپالىتى مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىقلارنى چۆرىدەپ پائال چارە ـ تەدبىر كۆرسەتتۇق. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كەسپىي ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ قوش سالاھىيەتلىك ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى، بوۋاقلار ـ بالىلار بېقىش ـ تەربىيەلەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش، ئاساسىي قاتلام داۋالاش ـ ساقلىق ساقلاش مۇلازىمىتى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، جۇڭخۇا ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇش قاتارلىقلارنى چۆرىدەپ تەكلىپ بېرىپ كېڭەشنى قانات يايدۇرۇپ، ئاممىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىدۇق.

شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇردۇق، ئېكولوگىيە قىزىل سىزىقى، تۆۋەن چېكىنى چىڭ ساقلاش، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش جېڭىنى ياخشى قىلىش، يېشىل تەرەققىياتتا ئۈنۈمۈزلۈك تۈرتكە بولۇش، ئېكولوگىيەنى قوغداش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۈچەيتىش قاتارلىقلارنى چۆرىدەپ چوڭقۇر كېڭىشىپ، داۋاملىق چارە ـ تەدبىر كۆرسەتتۇق، ئاپتونوم رايوننىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدا سىياسىي كېڭەشنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى نامايان قىلدۇق. ئورمانغا ئەھمىيەت بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش، ساغلاملىق ـ كۈتۈنۈش كەسپى، يېڭى ئېنېرگىيەلىك ئاپتوموبىل، ئېنېرگىيە تېجەش، بۇلغىمىنى ئازايتىش، قار ـ مۇز ساياھىتى، تەبىئىي ئورماننى قوغداش قاتارلىقلارغا دائىر تەكلىپلەرنى داۋاملىق ھەيدەكچىلىك قىلىپ بېجىردۇق. دىققەتنى «ئېكولوگىيە ياخشى بولۇش» نىشان تەلىپىگە مەركەزلەشتۈردۇق، گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى بىلەن بىرلىشىپ، «ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر تۇرمۇش ئەخلىتىنى تۈرگە ئايرىش»نى چۆرىدەپ مەخسۇس تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئايلىق كېڭىشىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئاسمىنى تېخىمۇ كۆك، تېغى تېخىمۇ يېشىل، سۈيى تېخىمۇ سۈزۈك گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇشقا سىياسىي كېڭەشنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى تەقدىم قىلدۇق.

**(4) خىزمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، فۇنكسىيە ئادا قىلىش ئۈنۈمىنى ھەقىقىي ئاشۇردۇق.**

تۈزۈم قۇرۇلۇشى ۋە فۇنكسىيەنى ئادا قىلىشتا يېڭىلىق يارىتىشقا داۋاملىق تۈرتكە بولدۇق. مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىق ئورنىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كېڭىشىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى ئۈنۈمۈزلۈك كۈچەيتىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى كېڭىشىش ـ مۇھاكىمە قىلىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا پىكرىنى بېكىتىپ، مەخسۇس كومىتېتنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى، رەئىسلەر يىغىنىنىڭ خىزمەت قائىدىسى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدا يولغا قويۇش چارىسىنى تۈزۈپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ فۇنكسىيەسىنى تېخىمۇ ئۆلچەملىك، ئۈنۈملۈك ئادا قىلىشىغا تۈرتكە بولدۇق. يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش شارائىتى ئاستىدا فۇنكسىيە ئادا قىلىش ئۇسۇلى ئۈستىدە پائال ئىزدەندۇق، ھاۋالىلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، كىچىك شۆبە ئەترەتكە بۆلۈنۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، نۇقتىلار ئارا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق يۇقىرى سۈپەتلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتىدىن 310 پارچىنى شەكىللەندۈردۇق. «ئەقلىي سىياسىي كېڭەش» قۇرۇلۇشىنى تېزلەتتۇق، كېڭىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش پائالىيىتىدە تۇنجى قېتىم ئاساسىي تېما مۇھاكىمە تورىنى بارلىققا كەلتۈردۇق، سىن شەكلىدە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېت يىغىنىنى ئاچتۇق، سىياسىي كېڭەش سىن سىستېمىسىدىن پايدىلىنىپ مەخسۇس تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ باردۇق، سىن شەكلىدىن پايدىلىنىپ ئېكران ئارا، كۇنۇپكا ئارا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، فۇنكسىيە ئادا قىلىش خىزمەتلىرىنىڭ تېخىمۇ پۇختا، ئۈنۈملۈك ئىشلىنىشىگە تۈرتكە بولدۇق.

تەكلىپ ۋە تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتى سۈپىتى يۈكسىلىشنى كۈچەيتتۇق. تەكلىپ «كۆپ بولمىسىمۇ خىل بولۇش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇردۇق، 767 تەكلىپ تاپشۇرۇۋېلىپ، 687 پارچىسىنى تەكلىپ قىلىپ تۇرغۇزدۇق، يۈزتۇرا كېڭىشىش نىسبىتى، بېجىرىلىش نىسبىتى، مەمنۇن بولۇش نىسبىتىنىڭ ھەممىسى %100 بولدى. تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش، تۈزۈش خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى ۋە ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدۇق، «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا تاقابىل تۇرۇش»قا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش خىزمىتىنى ئۇتۇقلۇق ئېلىپ باردۇق، «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەققىدە خاتىرىلەر»گە دائىر 250 مىڭ خەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلىدۇق، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشكە «چەت ئەلدىكى چياۋمىن قېرىنداشلار، ۋەتەنگە قايتقان چياۋمىنلار ۋە چياۋمىنلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ۋەتەن قۇرۇلۇشىغا ئاتلىنىش ھەققىدىكى خاتىرىلەر» ۋە «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى ھەققىدە خاتىرىلەر»دىن 500 مىڭ خەتلىك ماقالىنى يوللىدۇق، بۇ ئارقىلىق تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ تارىخ ساقلاش، ئەلنى ئىدارە قىلىشتا ئۆرنەك قىلىش، ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، ئادەم تەربىيەلەش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردۇق.

تەشۋىقات ۋە جەمئىيەت ئەھۋالى، خەلق رايى ئۇچۇرى خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇردۇق. «شىنجاڭ سىياسىي كېڭىشى . تىيانشان تېغىدا ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرۈش» تەشۋىقات ئالدىنقى سېپىنى مۇستەھكەملەپ، ئاخبارات ـ تەشۋىقات خىزمىتى تۈزۈمىنى ئورناتتۇق، بىر يىلدا تۈرلۈك تاراتقۇلاردا 1800 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ئېلان قىلدۇق. شىنجاڭ خەلق سىياسىي كېڭىشى نەزەرىيە تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى تاماملىدۇق، نۇرغۇن نەزەرىيە تەتقىقات نەتىجىلىرىمىز مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇھىم ژۇرناللىرىغا كىرگۈزۈلدى. جەمئىيەت ئەھۋالى، خەلق رايىنى ئىنكاس قىلىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، كۆپ سۇپىلىق ئېلان تورىنى بىرتۇتاش پىلانلىدۇق، «شىنجاڭ سىياسىي كېڭىشى» ژۇرنىلىنىڭ بېتىنى ئۆزگەرتىش نەتىجىسىنى مۇستەھكەملىدۇق، «شىنجاڭ سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىش»، «سىياسىي كېڭەش مۇھىم ئەھۋاللار توغرىسىدا»دىن 147 سانىنى تۈزۈپ تارقاتتۇق، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئىشلەتكەن ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبەرلىرى تەستىق سالغانلىرىنىڭ سانى بىر قاتلاندى.

**(5) پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىدە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، ئۆز قۇرۇلۇشىمىزنى ھەقىقىي كۈچەيتتۇق.**

يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ باش تەلىپىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي كېڭەش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە دائىر تۈزۈم ـ مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈردۇق، مۇھىم ئىشلار ئۈستىدە ۋاقتىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىدىن يوليورۇق سورىدۇق، مۇھىم ئىشلارنى دوكلات قىلدۇق، مۇھىم كېڭىشىش نەتىجىسىنى يوللىدۇق، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشنى سىياسىي كېڭەشنىڭ پۈتكۈل خىزمىتىگە سىڭدۈردۇق. مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا ئىش تەقسىم قىلىش لايىھەسىدىكى 96 تۈرلۈك كونكرېت ۋەزىپىنى تەشكىللەپ يولغا قويۇشنى كۆڭۈل قويۇپ چىڭ تۇتتۇق. سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ رەھبەرلىك رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىسى، ئورگان پارتىيە گۇرۇپپىسى، مەخسۇس كومىتېت شۆبە پارتىيە گۇرۇپپىسى، ئورگان پارتىيە كومىتېتى، ئورگان پارتىيە ياچېيكىسىدىن ئىبارەت «بەش دەرىجە تەڭ ھەرىكەتلىنىش» پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئەندىزىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيەلىك ئەزالارنىڭ تەشكىلىي مۇناسىۋىتىنى قوش باشقۇرۇش ۋە فۇنكسىيەنى ئادا قىلىپ چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىش ئەھۋالىنى باھالاش قاتارلىق تۈزۈملەرنى ئەمەلىيلەشتۈردۇق، ياچېيكا قۇرۇلۇشى بويىچە سۈپەتنى ئۆستۈرۈش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتىنى يولغا قويدۇق، مۇھىم، زور فۇنكسىيە ئادا قىلىش پائالىيەتلىرى داۋامىدا، ۋاقىتلىق پارتىيە تەشكىلى قۇرۇپ، پارتىيە تەشكىلى ۋە پارتىيە خىزمىتىنىڭ «شەكىللىك قاپلاش»تىن «ئۈنۈملۈك قاپلاش»قا بۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولدۇق. پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي ئۈستىگە ئېلىپ، مەركەزنىڭ 8 تۈرلۈك بەلگىلىمىسى ۋە ئۇنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پىرىنسىپىنىڭ روھىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، قەتئىي بوشاشماي ئىستىلنى توغرىلاپ، ئىنتىزامنى چىڭىتىپ، شەكىلۋازلىققا، بيۇروكراتلىققا قەتئىي قارشى تۇردۇق. سىياسىي كېڭەش ئورگىنىدىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش ـ رېۋىزىيە ۋاكالەت گۇرۇپپىسىنىڭ ۋەزىپە ئادا قىلىشىنى قوللىدۇق. نازارەت قىلىش ـ ئىنتىزام ئىجرا قىلىشنىڭ «تۆت خىل ھالەت»نى ئۇنىۋېرسال قوللىنىپ، قاتتىق ئىنتىزامنى كۈندىلىك ئادەت ۋە ئاڭلىق مىزانغا ئايلاندۇردۇق.

مەخسۇس كومىتېت ۋە ئەزالار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتۇق، مەخسۇس كومىتېت خىزمىتى يىغىنىنى ئېچىپ، مەخسۇس كومىتېتنىڭ خىزمىتى ۋە تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ياخشىلاش توغرىسىدا يولغا قويۇش پىكرىنى بېكىتتۇق. «سىياسىي كېڭەشنى چۈشىنىش، سىياسىي كېڭىشىشنى بىلىش، مۇھاكىمە قىلىشقا ماھىر بولۇش، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، قائىدىگە، ئەخلاققا ئەھمىيەت بېرىش» تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈردۇق، ئەزالار فۇنكسىيە ئادا قىلىش ئارخىپىنى مۇكەممەللەشتۈردۇق، 117 دائىمىي كومىتېت ئەزاسى فۇنكسىيە ئادا قىلىش دوكلاتىنى ۋاقتىدا تاپشۇردى، ئەزا مۇقىيات ئۇرازقان، ياۋ شىنكۇي 2020 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ئىلغار خىزمەتچى دېگەن نامغا، 16 ئەزا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلغار شەخس دېگەن شەرەپكە ئېرىشتى. ئەزالارنىڭ فۇنكسىيە ئادا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدۇق، كۆپ خىل شەكىل، كۆپ قاتلام بويىچە ئەزالارنى 21 مىڭ ئادەم قېتىم تەربىيەلىدۇق. ئەزالارنى باشقۇرۇشنى چىڭىتتۇق، نىزامنامە بويىچە 15 ئادەم ئەزالىقتىن ئىستىپا بېرىشنى قوبۇل قىلدى، 4 ئادەمنىڭ ئەزالىق سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلاندى، 6 ئادەم ئەزالىققا تولۇقلاندى.

سىياسىي كېڭەش سىستېمىسى بىلەن بولغان ئالاقىنى ۋە ئۇنىڭغا بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتتۇق، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇھىم يىغىنلىرىغا ئاكتىپ قاتناشتۇق، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى ۋاقتىدا دوكلات قىلدۇق. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئەزالىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك 13 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنى مەزگىلىدە شىنجاڭنى كەڭ تەشۋىق قىلدۇق، 117 پارچە تەكلىپ، 86 پارچە يىغىن سۆزى تاپشۇردۇق، يۇقۇم تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇش مېخانىزمى بەرپا قىلىش، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش، نامراتلىقنى ئىلمىي، ئۈنۈملۈك تۈزەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش، شەھەرلەردىكى نامرات ئائىلىلەرنىڭ كاپالەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق تەكلىپلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش رەھبەرلىرىنىڭ تەستىقىغا ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى. شەنشى، گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا قاتارلىق ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى قويۇقلاشتۇرۇپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى قۇرۇلۇشىغا مۇلازىمەت قىلىش بويىچە ھەمكارلىشىش ـ ئالماشتۇرۇش مېخانىزمى بەرپا قىلىپ، رايونلار ئارا كېڭىشىش سۇپىسىنى بىرلىشىپ قۇرۇپ چىقتۇق. ئاپتونوم رايونلۇق، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيەلىك، شەھەرلىك، رايونلۇق سىياسىي كېڭەشلەر ۋە بىڭتۇەنگە قاراشلىق ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش سۆھبەتلىشىپ ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىشىپ فۇنكسىيە ئادا قىلىش، ئالاقىلىشىش ـ يېتەكچىلىك قىلىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ تەڭ ھەرىكەتلىنىپ، خىزمەت جەھەتتە بىر پۈتۈن بىرىكمە كۈچ ھاسىل قىلىشىغا تۈرتكە بولدۇق.

ئەزالار، ئۆتكەن بىر يىلدا نەتىجىلەرنىڭ قولغا كېلىشى شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئىلمىي يېتەكچىلىكىنىڭ نەتىجىسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ كۈچلۈك يېتەكچىلىك قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىك قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى شۇنىڭدەك جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، ھەر مىللەت، ھەر ساھە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى، دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، خەلق تەشكىلاتلىرى، پارتىيەسىز ـ گۇرۇھسىز زاتلار ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلارنىڭ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، داۋاملىق كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بۇ يەردە مەن ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن، ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن ۋە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق سىياسىي كېڭىشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىگە توغرىلىنىدىغان بولساق، مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىغا توغرىلىنىدىغان بولساق، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ سىياسىي كېڭەش خىزمىتىگە قويغان تەلىپىگە سېلىشتۇرىدىغان بولساق، فۇنكسىيەنى ئادا قىلىش خىزمىتىمىزدە ئاجىز ھالقىلار يەنىلا ساقلانماقتا: مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش يېتەرلىك ئەمەس، تەڭ كۈچ چىقىرىش مېخانىزمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە، فۇنكسىيە ئادا قىلىش نەتىجىسىنى ئايلاندۇرۇش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بىز يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلىشىمىز كېرەك.

## 2. ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىپ، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش يولىدا تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى

بۇ يىل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى، «14 ـ بەش يىل» باشلانغان تۇنجى يىل، شۇنداقلا شىنجاڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، ئەبەدىي ئەمىنلىككە ئاتلىنىدىغان ئاچقۇچلۇق بىر يىل. بىز شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى، مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزلىرى ۋە مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 10 ـ، 11 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى توغرا ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇرلاپ ئەمەلدە كۆرسىتىپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشقا كۈچەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئورتاق ئىدىيەۋى ـ سىياسىي ئاساسنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئاساسىي ئوقى قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇش، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىغا مۇلازىمەت قىلىشنى خىزمەتنىڭ ئاساسىي لىنىيەسى قىلىپ، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش، ئورتاق تونۇشنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەشنى مەركىزىي ھالقا قىلىپ، ئىتتىپاقلىق ۋە دېموكراتىيەدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئاساسىي تېمىدا چىڭ تۇرۇپ، مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنى ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئىلگىرى سۈرۈشنى چىڭ كۆزلەپ فۇنكسىيەنى تولۇق ئادا قىلىپ، قەلبنى ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، «شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاقلىشىپ مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش، خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈش» ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىگە پائال ئاتلىنىش داۋامىدا يېڭى مەسئۇلىيەتنى نامايان قىلىشىمىز، يېڭى ۋەزىيەتنى يارىتىشىمىز كېرەك.

**(1) شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش كېرەك.** شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش سۆھبەت يىغىنى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي يېتەكچىلىك ئىتتىپاقلىق ـ دېموكراتىيەگە سىڭدۈرۈلگەن سىردىشىش، ئەزالار دەرسخانىسى، ئەزالار نۇقتىلىق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە ئائىت ئەھۋاللارنى خەۋەرلەندۈرۈش، مۇھىم مەخسۇس خىزمەتلەر ئۈستىدە ئەزالار لېكسىيە سۆزلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىش، شىددەتلىك بوران ـ چاپقۇندىمۇ تەۋرەنمەسلىكتەك ئىدىيەۋى ئاڭلىقلىقنى كۈچەيتىپ، سىياسىي كېڭەشنى پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسى بىلەن ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىل زاتلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان، تەربىيەلەيدىغان، يېتەكلەيدىغان مۇھىم سۇپىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. دائىملىق ئۆگىنىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئەڭ يېڭى مۇھىم سۆزلىرى ۋە مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ۋاقتىدا ئەگىشىپ ئۆگىنىپ، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ، ئۈزلۈكسىز ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۈزلۈكسىز ئۆزلەشتۈرۈپ، نەزەرىيە سەۋىيەسى ۋە سىياسىي سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسىنى دۇنيانى بىلىش، دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىكى قۇدرەتلىك مەنىۋى قورالغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. كىتاب ھىدىغا تولغان سىياسىي كېڭەش قۇرۇلۇشىغا چوڭقۇر تۈرتكە بولۇپ، مەخسۇس ئۆگىنىش ئىستونى تەسىس قىلىش، خاس كىتاب ئوقۇش توپىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش، باھالاش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش، تور ئىچى ـ سىرتىنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق، كىتابنى كۆپ ئوقۇش، ياخشى كىتاب ئوقۇش، كىتاب ئوقۇشقا ماھىر بولۇشنى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسىي كېڭەش سىستېمىسىدا قويۇق كەيپىياتقا ئايلاندۇرۇش كېرەك. شىنجاڭ سىياسىي كېڭىشى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى شانلىق مۇساپە كۆرگەزمىسى، تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش قاتارلىق يۈرۈشلۈك پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈشكە تەشكىللەپ، خەلق سىياسىي كېڭىشى تۈزۈمى تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، تۈزۈم ئىشەنچىنى كۈچەيتىش، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۇرغۇتۇش كېرەك.

**(2) ئورتاق تونۇشنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي ئومۇمىيۈزلۈكنىڭ سېجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى قوغداش كېرەك.** شىنجاڭ خىزمىتىگە ئىستراتېگىيە جەھەتتىن قاراش ۋە ئۇنى پىلانلاشتا چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىقنى خەلق تۇرمۇشىدىكى ئەڭ چوڭ ئىش، شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، گۈللەندۈرۈشنىڭ جان تومۇرى ئىكەنلىكىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى ساقلاشتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىرلەردە تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش داۋامىدا سىياسىي كېڭەشنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە نەتىجىسىنى نامايان قىلىش كېرەك. جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇشنى مۇھىم ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى تەربىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش»نى مۇھاكىمە تېمىسى قىلىپ مەخسۇس مۇھاكىمە قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى ھەر مىللەت ياش ـ ئۆسمۈرلىرىنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا يىلتىز تارتقۇزۇش كېرەك. كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەشنى تۈپ ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەدەنىيەت ئارقىلىق روھنى تاۋلاپ ئادەم تەربىيەلەشنىڭ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. «ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتنى چوڭقۇر ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىغا كۈچ چىقىرىش» مەخسۇس مۇھاكىمە خاراكتېرلىك دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىك ئىدىيەۋى ئاساسىنى كۈچەپ پۇختىلاش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي باشقۇرۇش تۈزۈلمە ـ مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش»، «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئادۋوكاتلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتىگە داۋاملىق تۈرتكە بولۇش»نى چۆرىدەپ كۈچ ئۇلاپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ قانۇنچىللىشىشى، دائىملىشىشىغا داۋاملىق تۈرتكە بولۇش كېرەك. «دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش» ئايلىق كېڭىشىش ـ سۆھبەتلىشىش يىغىنىنى ياخشى ئېچىپ، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەش كېرەك. سىياسىي كېڭەشنىڭ ئالاقىلىشىش دائىرىسى كەڭ بولۇش ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭ ھېكايىسىنى كۆپ قاتلاملىق، ھەر تەرەپلىمە، ئىستېرېئولۇق ياخشى سۆزلەپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىم تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىدەك چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى مەردانىلىك بىلەن تەشۋىق قىلىپ، جانلىق، ھەقىقىي مىساللار بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ سىياسىي ئۈستۈنلۈكىنى نامايان قىلىپ، ۋەتەننى، شىنجاڭنى سۆيىدىغان دوست كۈچلەرنى كەڭ كۆلەمدە ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە مۇجەسسەملەش كېرەك.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)